ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

# توردىن مال سېتىۋېلىش باجدىن خالىي ئىمپورت كەسپى شىنجاڭغا ماكانلاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېي خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 10مىڭغا يېقىن گىرىم بۇيۇمى، ساغلاملىق بۇيۇمى قاتارلىق چېگرا ھالقىغان تاۋارلار 12 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ تاموژنا رەسمىيىتى بېجىرىلىپ، ئۈرۈمچى ئۈنۋېرسال باجدىن خالىي رايونىغا كىردى. بۇ «ئۈنۋېرسال باجدىن خالىي رايون+چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا توردىن مال سېتىۋېلىش باجدىن خالىي ئىمپورت كەسپى» ئەندىزىسىنىڭ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا ماكانلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

توردىن مال سېتىۋېلىش باجدىن خالىي ئىمپورت ئەندىزىسى نۆۋەتتە چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئىمپورتىدىكى ئاساسلىق ئەندىزە بولۇپ، يەنە باجدىن خالىي زاپاس مال دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چېگرا ھالقىغان تاۋارلار تۈركۈملەپ تولۇق قاچىلانغان ئىمپورت قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىۋاستە ئۈرۈمچى ئۈنۋېرسال باجدىن خالىي رايونىغا كىرىدۇ. چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىدا پارچە سېتىلىدىغان ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ شەخسىي چەك قىممىتى ئىچىدە تاموژنا بېجى نۆل بولۇپ، ئىمپورت ھالقىسىدىكى قوشۇلما قىممەت بېجى، ئىستېمال بېجى قانۇندا بەلگىلەنگەن باج سوممىسىنىڭ 70%ى بويىچە ئېلىنىدۇ، بۇ، ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ سېتىلىش تەننەرخىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ.

«ھازىر، ئىستېمالچىلار بىزنىڭ شىدامېن باجدىن خالىي بىۋاستە سېتىۋېلىش مەركىزىنىڭ ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى ئارقىلىق تور سودا شەھەرچىسىگە كىرىپ بىۋاستە سېتىۋالسا بولىدۇ. بۇ تۈركۈمدىكى تاۋارلار بىزنىڭ سىناق تىجارەت قىلىشىمىزدىكى سىناق، شىنجاڭدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىدىكى ئىستېمال ئىقتىدارىنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن ئېشىپ كېتىشىنى ئويلىماپتۇق. بۈگۈن ئېچىلغاندىن كېيىن يۈزدىن ئارتۇق چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ماللىرى سېتىلىپ بولدى» دېدى شىنجاڭ يىپەك يولى شىدامېن تىجارەت مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتى تاموژنا ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش نازارەتچىسى جىن يەن.

ئىستېمالچىلار ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىدا زاكاز چۈشۈرسە، تاۋارلارنىڭ تاموژنا رەسمىيىتى تاماملانغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ئۈنۋېرسال باجدىن خالىي رايوندىن تارقىتىلىدۇ، ئۈرۈمچىدىكى خېرىدارلار ئەڭ تېز بولغاندا چۈشتىن بۇرۇن زاكاز چۈشۈرسە، چۈشتىن كېيىن مالنى تاپشۇرۇۋالالايدۇ. چەت ئەلدىن مال سېتىۋېلىشتا «كېچىكتۈرۈلمەسلىك» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇ يىل 1 - ئايدا، ئۈرۈمچى شەھىرى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پارچە سېتىش ئىمپورت كەسپى نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، توردا مال سېتىۋېلىش باجدىن خالىي ئىمپورت كەسپىنى قانات يايدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىندى. چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى تاموژنىسى بىلەن ئۈرۈمچى ئۈنۋېرسال باجدىن خالىي رايونىنى باشقۇرۇش كومىتېتى، خېيەن باجدىن خالىي گۇرۇھى ئالاقىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى دەل جايىدا ھەل قىلدى.

شىنجاڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىدا توردا مال سېتىۋېلىش باجدىن خالىي ئىمپورت ئەندىزىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قانات يايدۇرۇلۇشى شىنجاڭ ئىچىدىكى ئىستېمالچىلارنى تېخىمۇ كۆپ مال سېتىۋېلىش تاللىشىغا ئىگە قىلىپ، ئىلگىرىكى شىنجاڭدا چەت ئەلدىن مال سېتىۋالسا توشۇش ۋاقتى ئۇزاق بولۇش، تەننەرخى يۇقىرى بولۇش، پوچتا ھەققىنى كۆتۈرۈۋەتمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، شىدامېن باجدىن خالىي بىۋاستە سېتىۋېلىش مەركىزى ئابونچىلار تېرمىنالى بۇ يىل 6 - ئايدا رەسمىي تورغا چىقىرىلىدىكەن، ھەم تېخىمۇ كۆپ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئەندىزىسىنىڭ تىجارىتى ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن.



5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، شىنجاڭ مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىنىڭ يېڭى نام كارتىسى — چوڭ تىپتىكى ھەققىي مەنزىرىلىك رىۋايەت تۈسىدىكى مۇزىكىلىق دراما «كۇئېنلۇندىكى ئۇچرىشىش» ئۈرۈمچى نەنسەن مەنزىرە رايونىدا قويۇلدى.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلق پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ زور ئىشەنچى. «خەلق ھەممىدىن ئەلا» «ھاياتلىق ھەممىدىن ئەلا» «يىراقنى كۆزلەش ئاساسىدا ئىش كۆرۈش» «ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى» «ئىككى 1 تىرىليون» قاتارلىق ئىككى يىغىندىكى «قىزىق سۆز»لەردىن بىز خەلق ئۈچۈن قىزغىن خىزمەت قىلىشتەك ئەسلىي مەقسەتنى، قويۇق ساپ ھېسسىياتنى ھېس قىلالايمىز. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يىلتىزى ۋە جان تومۇرىنى ياخشى قوغداپ، خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىشنى ئەڭ مۇھىم سىياسىي نەتىجە قىلىپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، ئامانلىقى، ھال - ئەھۋالىنى قەلبكە پۈكۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاممىغا ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرگەندىلا، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، ۋاقتىلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىگىلى بولىدۇ.

ۋاقىت ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ، تارىخ ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدىن، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتىن، ۋەكىللەر، ئەزالارنىڭ سۆزلىرىدىن ۋاقىت بىلەن بەسلىشىشتەك تەخىرسىزلىك ئېڭىنى كۈچلۈك ھېس قىلالايمىز. «يۇقۇم»غا تاقابىل تۇرۇشتىكى مىسلىسىز جاپالىق جەڭدە ۋاقىت ھاياتلىقتۇر؛ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا، ۋاقىت ئۈنۈمدۇر؛ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش مۇساپىسىدە، ۋاقىت بۇرغا سادىسىدۇر. مىڭ يىللىق ئارزۇ، يۈز يىللىق ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ئەڭ ئاخىرقى ھالقىلىق پەيتكە كىردى، بىزنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى ئۇرغۇتۇپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، سۈرئەتنى تېزلىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قىرغىقىغا ئوڭۇشلۇق يېتىپ بېرىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ۋېن چاۋرۇڭ: ئورمانلىقتىكى «يۈ گۇڭ»

شىنخۇا ئاگېنتلىقى گۈيياڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر لى فەن) گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ بىجيې شەھىرى خېجاڭ ناھىيەسى خەيچۆ كەنتى «ئەڭ نامرات جاي»دىن بۈگۈنكى ئورمانلىرى بۈك - باراقسان، ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالىدىغان جايغا ئايلانغانغا قەدەر، بىر «پېشقەدەم يۈ گۇڭ» — ۋېن چاۋرۇڭنىڭ ئەجىر سىڭدۈرۈشىدىن ئايرىلالمايدۇ. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئۇ ساپ قەلبى بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ، ئورمان بەرپا قىلىش ئارقىلىق نامراتلىق يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ۋۇمېڭ تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئېغىر نامرات جاينى بەختلىك جايغا ئايلاندۇردى.



ۋېن چاۋرۇڭنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، كارست تاغلىق رايونىغا جايلاشقان خەيچۆ كەنتىنىڭ تۇپرىقى ئۈنۈمسىز بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 5%كىمۇ يەتمەيتتى. «ئاشلىق تېرىغىلى بولىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئاشلىق تېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھوسۇل ياخشى بولماي كەلدى.» بۇ ئىش 1982 - يىلىدىن باشلاپ خەيچۆ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان ۋېن چاۋرۇڭنىڭ بېشىنى ناھايىتى قاتتۇرغان.

«تاغدا دەرەخ بولسا قۇم - بورانىنى توسقىلى بولىدۇ، تاغدا ئورمان بولسا تاغ باغرىنى قوغدىغىلى بولىدۇ، ئورمان بولسا ئوت - چۆپ بولىدۇ، ئوت - چۆپ بولسا ئۇلاغ باققىلى بولىدۇ، ئۇلاغ بولسا ئوغۇت بولىدۇ، ئوغۇت بولسا ئاشلىق بولىدۇ.» بۇنداق نامراتلىقتا جەڭ ئېلان قىلىش ئويى ۋېن چاۋرۇڭنىڭ قەلبىدە بىخ سۈرگەن.

كۈندۈزى كۆچەت تىكىپ، كەچتە كىرسىن چىراغ يورۇقىدا ئورمان بىنا قىلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ۋېن چاۋرۇڭ ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئىككى يىل ئىچىدە تاغدا مىڭ تۈپتىن ئارتۇق خۇاشەن قارىغىيى تىككەن. 1986 - يىلى قىشتا، ۋېن چاۋرۇڭنىڭ چاقىرىقى بىلەن 300دىن ئارتۇق ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشى ھەر كۈنى قەھرىتان سوغۇققا قارىماي ئورەك كولاپ، كۆچەت تىككەن. كۆچەت توشۇيدىغان يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇق پاتقاقلىق تاغ يولىدا بوران - چاپقۇن كۆپچىلىكنى توسۇپ قالالمىغان. يېرىم كېچىدە، ۋېن چاۋرۇڭ دائىم ياڭيۇ پىشۇرۇپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە تاغقا يۈدۈپ چىقىپ، كۆپچىلىككە بۆلۈپ بەرگەن...

ئۈچ يىل جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، خەيچۆ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرى ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينىگە خۇاشەن قارىغىيى، قىل يوپۇرماقلىق قارىغاي تىكىپ، 11 مىڭ 600 مو ئورمان بىنا قىلغاچقا، كەنتنىڭ قاقاس تاغ باغرى يېشىل ئورمانلىققا ئايلانغان.

كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش «كەلگۈسى» ئۈچۈن بەخت يارىتىدۇ، ئاما ئاچ قورساق قاقاس تاغلارنى كۆكەرتەلمەيدۇ. ۋېن چاۋرۇڭ يەنە كەنتنىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى ئويلىشىشقا باشلىغان. 1989 - يىلى خەيچۆ كەنتىدە سولياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىقچىلىق قىلىش باشلانغان، كېيىن، ۋېن چاۋرۇڭ يەنە يەرنى ئورگانىك ياخشىلاش ۋە شالغۇتلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى يولغا قويۇپ، ياڭيۇ، كۆممىقوناق قاتارلىق ئاشلىقلارنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى ئاشۇرغان. 1994 - يىلى، خەيچۆ كەنتىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مىقدارى 140 مىڭ 500 كىلوگىرام ئەتراپىغا ئاشۇرۇلغان، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مىقدارى 203.5 كىلوگىرامغا يېتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قورساق مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولغان.

ۋېن چاۋرۇڭ يەنە باشلامچىلىق بىلەن پۇل ئىئانە قىلىپ مەكتەپ قۇرغان. ئۇنىڭ ۋە كۆپ تەرەپنىڭ تىرىشچانلىقىدا، خەيچۆ كەنتى بىر كورپۇس سەككىز ئېغىزلىق مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى سالغان، يەنە ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار سىنىپى ئاچقان، پۈتۈن كەنتتىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100%كە يەتكەن.

1995 - يىلى، ۋېن چاۋرۇڭ كەنت ياچېيكا شۇجىسلىق ئورنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىزچىل خالىس ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بولغان. ئۇ ئادەتتە ئەتىگەن چىقىپ كەچ قايتىپ، ئۆزى ۋە ئاما جاپا تارتىپ بىنا قىلغان بۇ تاغ ئورمىنىنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بۇ ئورمان مەيدانىدا بىر قېتىممۇ ئوت ئاپىتى يۈز بەرمىگەن.

ئۇنىڭ 30 نەچچە يىل داۋاملىق ئىشلىشى بىلەن، خەيچۆ كەنتى بۇ ئورمانلىقنى ساقلاپ قالغان، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 70%تىن ئاشقان. ئورمان يېرىنىڭ سۇ مەنبەسى مول بولغاچقا، يەنە ئەتراپتىكى يەتتە كەنتنى ئىچىدىغان سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن.

2014 - يىلى، ئورمانلىقنى ھاياتىدەك قەدىرلەيدىغان ۋېن چاۋرۇڭ ھاردۇق يەتكەچكە كېسەل بولۇپ قالغان، ئۇ داۋالاش ئۈنۈمى بەرمەي 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ قەبرە تېشى يوق بولۇپ، ئالدىدا خەيچۆ كەنتىدىكى 10 مىڭ مولۇق ئورمانلىق بار.

ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، ۋېن چاۋرۇڭ ئۇنى يوقلىغىلى كەلگەن رەھبەرلەرنىڭ كەنتنى مائارىپ، داۋالاش قاتارلىق جەھەتلەردە قوللىشىنى، كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇمىغان.

ۋېن چاۋرۇڭنىڭ ئارزۇسى تەدرىجىي ئىشقا ئاشماقتا. ھازىر، خەيچۆ كەنتىدە چىرايلىق زامانىۋى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئۆلچەملىك داۋالاش ئۆيى بار بولدى، كەنتتىكى كەسىپلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدى. بۇ يىل ئەتىيازدىن باشلاپ، كەنت يەنە پارىنكتا شياڭگۇ يېتىشتۈرۈش، پۇقراۋى قونالغۇ ساياھىتى قاتارلىق ئىقتىسادىي كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇردى. نۆۋەتتە، خەيچۆ كەنتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پۈتۈن كەنتتىكى 220 ئائىلىكتىن كۆپرەك كەنت ئاھالىسى ئىچىدە 90دىن كۆپرەكىنىڭ پىكاپى بار بولدى.

# پاك باڭرۇك: باشقىلارغا «ياردەم بېرىش»نى «شەرەپ» دەپ بىلىش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى نەنجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر چيۇ بىڭچىڭ) خەتەر يېتىپ كەلگەندە، قانداق تاللاش كېرەك؟ نەنجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چىنخۇەي شۆبە ئىدارىسى ئالاھىدە چارلاش ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ سابىق چوڭ ئەترەت باشلىقى پاك باڭرۇك ھاياتلىق ئۈمىدىنى باشقىلارغا قالدۇرۇشنى تاللىغان. كونتروللۇقنى يوقىتىپ كېلىۋاتقان مىنىبۇس ئالدىدا، ئۇ يېنىدىكى سەپداشلىرى ۋە خىزمەتداشلىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزى ئۆدۈلدىن سوقۇلۇپ، باش سۆڭىكى قاتتىق زەخىملىنىپ ئېغىر ھوشسىزلانغان، 12 كۈن جىددىي قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ، بەختكە قارشى قۇربان بولغان، ئۇ شۇ يىلى ئەمدىلا 34 ياشتا ئىدى.

ئۇ ھايات مۇساپىسىدە ئۆز ئىسمىغا ئوخشاش — باشقىلارغا «ياردەم بېرىش»نى «شەرەپ» دەپ بىلگەن.

2010 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، پاك باڭرۇك بىر ساقچى ئاپتوموبىلى بىلەن يول چارلاشقا باشلىغان، شۇ چاغدا ئۇ ئۇدا ئىككى كۈن ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلىگەن. ئالتە كۈن ئىلگىرى، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەچكە، ئۇ يېڭىلا ئالاھىدە چارلاش ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن.

كەچ سائەت 10دىن ئاشقاندا، نەنجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قوماندانلىق مەركىزى مۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرگەن: «يىڭتيەن كوچىسىدىكى كۆتۈرمە كۆۋرۈكتىن داملىڭ يولى يۆنىلىشىدىكى كۆۋرۈكتىن چۈشۈش ئېغىزى ئەتراپىدا بىر ۋەقە يۈز بەردى، يېقىن ئەتراپتىكى چارلاش ئاپتوموبىللىرى بېرىپ بىر تەرەپ قىلسۇن.» پاك باڭرۇك دەرھال ئاۋاز قوشۇپ، ساقچىلارنى باشلاپ ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا بارغان. بۇ بىر ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا ۋەقەسى بولۇپ، ئەينى چاغدا ئولىشىۋالغان ئاممىنىڭ بىر قىسمى تېز سۈرئەتلىك يولنىڭ بويىغا قىستىلىشىپ قالغان، ئىنتايىن خەتەرلىك بولغاچقا، پاك باڭرۇك دەرھال ئولىشىۋالغان ئاممىنى نەسىھەت قىلىپ تارقىتىۋەتكەن.

سائەت 22دىن 16 مىنۇت ئۆتكەندە، دەل پاك باڭرۇك بۇ ئەر - خوتۇنغا نەسىھەت قىلىۋاتقاندا، كۆتۈرمە كۆۋرۈكتىن چۈشۈۋاتقان بىر مىنىبۇس جىددىي تورمۇز تۇتقاندىن كېيىن كونتروللۇقنى يوقىتىپ، ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقان پاك باڭرۇك قاتارلىق كىشىلەرگە قاراپ ئېتىلىپ كەلگەن. ئىنتايىن خەتەرلىك پەيتتە، پاك باڭرۇك بەدىنى بىلەن كىشىلەر توپىنى توسۇۋېلىپ، «نېرى قېچىڭلار» دەپ ۋارقىرىغان ھەم كۈچىنىڭ بارىچە يېنىدىكى ئايال ساقچىنى ئىتتىرىۋەتكەن. سەپداشلىرى ۋە باشقا كىشىلەر قۇتۇلۇپ قالغان، لېكىن پاك باڭرۇك ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان مىنىبۇسقا ئۆدۈلدىن سوقۇلۇپ، قان ئىچىدە يىقىلغان.

12 كۈن جىددىي قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ، پاك باڭرۇك نەپەستىن قېلىپ، ھاياتى 34 ياشتا توختاپ قالغان. شۇ يىلى، پاك باڭرۇك جياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئېلىنغان.

1976 - يىلى، پاك باڭرۇك نەنجىڭنىڭ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىلا، ئىلگىرى باغچىدىكى مۇزدەك كۆل سۈيىگە سەكرەپ چۈشۈپ، يەنە بىر ساۋاقدىشى بىلەن بىللە سۇغا چۈشۈپ كەتكەن كىشىنى قۇتقۇزۇۋالغان. 1995 - يىلى ساقچى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پاك باڭرۇك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەھەللە، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا قاتارلىق كۆپلىگەن ئىش ئورنىدا خىزمەت قىلغان. ساقچى بولغان ئون نەچچە يىلدا، ئۇ جۇڭگونىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى كەزگەن، 2700دىن ئارتۇق جىنايى ئىشلار دېلوسىنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلغان، 1100 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتقان، ئاپتوموبىل ئوغرىلاش دېلوسىنى تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش مېخانىزمى قاتارلىق يېڭىلىق يارىتىلغان خىزمەت ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەچكە، پاك باڭرۇك ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم شەخسلەر بويىچە 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن.

پاك باڭرۇك قۇربان بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن، نەنجىڭ ساقچى تەرەپ پاك باڭرۇك قۇربان بولغاندا ئىشلەۋاتقان ئالاھىدە چارلاش ساقچى چوڭ ئەترىتى قورالىق چارلاش ئاپتوموبىل گۇرۇپپىسىغا «باڭرۇك نامىلىق» ئاپتوموبىل گۇرۇپپىسى دەپ نام بەرگەن. بۇ، ئوتتۇرىچە يېشى 30 ياشقا يەتمەيدىغان ئون نەچچە ياش خەلق ساقچىسىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇن ھەر كۈنى فۇزىمياۋ بىلەن شىنجېيكوۋنى چارلاش مەركىزى قىلىپ، تەۋەلىك رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)